# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان كېچىلىرى بامدات ۋاقتىغىچە ئاياللىرى بىلەن بىرگە بولاتتى، ئاندىن يۇيۇنۇپ روزىسىنى داۋاملاشتۇراتتى

ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردىن رىۋايەت قىلىپ ئۇلار مۇنداق دېگەن: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان كېچىلىرى بامدات ۋاقتىغىچە ئايالىرى بىلەن بىرگە بولاتتى، ئاندىن يۇيۇنۇپ روزىسىنى داۋاملاشتۇراتتى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھالار شۇنداق بايان قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كېچىدە ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتى قىلىپ بامدات نامىزىغىچە يۇيۇنماي تۇراتتى، روزا تۇتماقچى بولسا نىيەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يۇيۇناتتى. بۇ ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ مەرۋان ئىبنى ھەكەم جۇنۇپ ھالدا روزىنى باشلاش توغرىسىدا پەتىۋا سوراپ ئادەم ئەۋەتكەندە ئۇلارنىڭ بەرگەن جاۋابى. بۇ ھۆكۈم رامىزان ۋە باشقا ۋاقىتلاردا ئوخشاش

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4522

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee